# مەن سىلەردىن بىرىڭلار بىلەن دوست بولغانلىقىم توغرىسىدا ئاللاھقا ئۆزۈمنى پاكلايمەن،-يەنى مەن سىلەردىن بىرىڭلارنى دوست تۇتمىدىم- ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مېنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتقاندەك

جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشتىن بەش كۈن ئىلگىرى مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «مەن سىلەردىن بىرىڭلار بىلەن دوست بولغانلىقىم توغرىسىدا ئاللاھقا ئۆزۈمنى پاكلايمەن،-يەنى مەن سىلەردىن بىرىڭلارنى دوست تۇتمىدىم- ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مېنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتقاندەك، دوست تۇتتى، ئەگەر مەن ئۈممىتىمدىن بىرىنى دوست تۇتماقچى بولغان بولسام ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دوست تۇتاتتىم. دىققەت قىلىڭلار! سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە ياخشى كىشىلەرنىڭ قەبرىسىنى ئىبادەتگاھ قىلىۋالدى. دىققەت قىلىڭلار! سىلەر قەبرىستانلىقنى ئىبادەتگاھ قىلىۋالماڭلار، مەن سىلەرنى ئۇنىڭدىن چەكلەيمەن».

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى ئورنىنى بايان قىلىپ ياخشى كۆرۈشتىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئېرىشكەندەك ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى خەۋەر بىرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا دوستى بولۇشنى رەت قىلدى، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبى ئاللاھنىڭ سۆيگۈ مۇھەببىتى، ئۇلۇغلىقى ۋە ئاللاھنى ھەقىقى تونۇشقا توشۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىگە ئاللاھنىڭ غەيرىنىڭ سۆيگۈسى سىغمايدۇ. ئەگەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا دوستى بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دوستى بولاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۆيگۈ-مۇھەببەتتە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇردى، خۇددى يەھۇدىي-ناسارالار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ قەبرىسى توغرىسىدا ھەددىدىن ئېشىپ، ئاللاھنى قويۇپ قەبرە ساھىبىغا ئىبادەت قىلىدىغان ، ئۇلارنىڭ قەبرىسىگە گۈمبەز قاتۇرۇپ قەبرىستانلىقنى مەسچىت ۋە مەئبەد قىلىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت شېرىك ئىشلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۈممىتىنى ئۇلارغا ئوخشاش ئىش قىلىشتىن چەكلىدى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3347